شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شينجياڭ گازەتى

2020 - يىل 9 - ئاي
17
پەيشەنبە
维吾尔文 9 月17日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25187 - سان　بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ جيەن يۇۋېينىڭ ياپونىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى

لى كېچياڭ جيەن يۇۋېيغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بۈگۈن جيەن يۇۋېيغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ياپونىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئۆزئارا دوستانە يېقىن قوشنىلار، ئوخشاشلا ئاسىيا ۋە دۇنيادىكى مۇھىم دۆلەتلەر، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولغان، دوستانە ھەمكارلاشقان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشىگە پايدىلىق. ئىككى تەرەپ جۇڭگو - ياپونىيە تۆت سىياسىي ھۆججەتتە بېكىتىلگەن تۈرلۈك پرىنسىپ ۋە تۆت نۇقتىلىق پرىنسىپ ئورتاق تونۇشنىڭ روھىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

«ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك

ۋاڭ ياڭ مەملىكەتلىك پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىگە مۇلازىمەت قىلىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ياخشى يېتەكلەشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ۋە پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى باشلامچىلىق، ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنى پارتىيەنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

خەلق گېزىتىدە «شۆەنيەن»نىڭ ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى

قىزىل قەلبكە ئەزەلدىن ئائىلە دۆلەت پۈكۈلگەن

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان خەلق گېزىتىدە «شۆەنيەن»نىڭ «قىزىل قەلبكە ئەزەلدىن ئائىلە دۆلەت پۈكۈلگەن» ناملىق ئىمزالىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى ئېنىق كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە بار بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، خەلق كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى بار، دۇنيا خەلققە مەنسۇپ بولۇشنى، شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشنى قەدىرلەيدۇ، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. بۇ بايان جۇڭگو خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى مەنىۋى شىفرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بوران - چاپقۇندىن بوسۇپ ئۆتۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى مەدەنىيەت گېنىنى ئېچىپ بەردى. بۇ قايناق - تاشقىنلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى ئارقىلىق بىز شۇنى كۆردۇقكى، يالقۇنلۇق ھەم چوڭقۇر ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى تارىخىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ئەكس ئېتىدۇ، ھەر بىر جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇردۇ.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: يۇقۇم ئالدىدا، يۈز مىليونلىغان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرى ئائىلىنى ساقلىغانلىق دۆلەتنى ساقلىغانلىق دېگەن مەسئۇلىيەتچانلىقى، دۆلەتنى قوغدىغانلىق ئائىلىنى قوغدىغانلىق دېگەن سەممىي ساداقىتى بىلەن، بىپايان، گۈزەل تۇپراقنى چىڭ تۇرۇپ قوغدىدى، سۆيۈملۈك ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، سۆيۈملۈك يۇرتداشلىرىنى چىڭ تۇرۇپ قوغدىدى. بۇ، خەتەرلىك پەيتتە ئۇرغۇپ چىقىپ نامايان قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان كوللېكتىۋىزملىق روھ، ھەققىي،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 98 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 98 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى»دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار مەخسۇس ئۆگىنىلدى.

يىغىندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى ئىقتىساد قانۇنى ئىشخانىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى ياڭ مىڭلۇن سىنلىق ئۇلىنىش شەكلىدە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى. ياڭ مىڭلۇن ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىنى چۈشەندۈردى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى

نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، چوڭقۇر چۈشىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش جەھەتتە سىجىل كۈچەپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئالدىنقى سەككىز ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا 81 نۇقتىلىق يېڭى تۈردە قۇرۇلۇش باشلاندى

يىللىق نىشان - ۋەزىپە مۇددەتتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تاماملاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈرلەر، داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرى ھەم بىر تۈركۈم زاپاس مۇھىم، زور تۈرلەر تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە، 81 يېڭى تۈردە قۇرۇلۇش باشلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بىر يىلدا 80 تۈردە قۇرۇلۇش باشلاشتەك نىشان - ۋەزىپە مۇددەتتىن ئىككى ئاي بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

81 يېڭى قۇرۇلۇش تۈرى تىزناپ دەرياسى موموق سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشى، ئاقسۇ - ئارال تۆمۈريولى، تۇرپان ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىپ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت، بازاردا سېتىش، مائاش كىرىمى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، كارخانىلارنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بازار ئېھتىياجىنى چىڭ كۆزلەپ، تىرىشىپ ئەلالاشقا، كۈچىيىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار فۇنكسىيەلىك تارماقلار كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، كارخانىلارنى بىرگە بىر، يۈزتۇرا، ھەر تەرەپلىمە ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ مەلۇم تور قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، چېن چۈەنگو تور قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى نەق مەيدانىدا ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەتنى ياخشى قىلىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەسلىك روھى بىلەن تۈرنى پىلانلاپ، تۈرگە تۈرتكە بولۇپ، تور قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو خۇيجيا دەۋر مەيدانىدا بازار تەمىناتى، تاۋار باھاسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جيەن فوتوسى

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

بەختلىك خەلق تۇرمۇشىنىڭ يېڭى يۆگمە رەسمىنى سىزىش

—— يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان(3)

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا**

ئالتۇن كۈزدىكى 9 - ئايدا، شىنجاڭ مول ھوسۇل پەسلىنى كۈتۈۋالدى: كەڭرى كەتكەن كېۋەزلىكلەردە كۈمۈش رەڭ دولقۇن مەۋج ئۇراتتى، كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلىقتىكى بۇغداي دانلىرى ئامبارغا كىرگۈزۈلدى، مېۋە باغلاپ پىشقان مېۋىلەر شاخلارغا لىق تولدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالى مول ھوسۇل قاينىمىغا چۆمدى.

كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ توققۇزاق بازىرى ئاياغمەنگەن كەنتىدە، ئابدۇقېيۇم روزى ھويلىسىدا ئالدىراش يۈرەتتى، باقمىچىلىق رايونىدا چارۋا ماللار قوتانغا لىق تولغانىدى، گۈللۈكتە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغانىدى. ئۆيدىكى ئۆي جاھازلىرى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشچانلىقى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئالتە يىل ئىلگىرى، يەنە مۇشۇ دېھقان ھويلىسىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن يۇرتداشلارغا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ سىلەرنى يوقلاپ كېلىشىم، پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان - ئالمىغانلىقىنى، رولىنى جارى قىلدۇرغان - قىلدۇرمىغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈندۇر. ئومۇمەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشلار پارتىيەمىزنىڭ كۈرەش قىلىش نىشانى. مەن سىلەرنىڭ پارتىيەنىڭ سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭلارغا تىلەكداشمەن».

سەممىي غەمخورلۇق قەلبلەرنى ئىللىتتى، سەممىي تاپشۇرۇق كىشىلەرنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈردى، يەرلىككە نەپ يەتكۈزۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەمەلىيلەشتۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر · بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرى ⑧

ھەممە ئادەم بىردىن ماھارەتكە ئىگە بولدى

« 4 - بەتتە